3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق رايونى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى» ئاچتى

مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كىشىلەر قەلبىنى ئوزۇقلاندۇردى

لېكسىيىنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، ئەدەبىيەتنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى
مۇخبىرى گې يۈجۈن،
ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ جېڭ

«بەيجىنى ماي قۇيۇلغان قازاندا ئاستا ـ ئاستا سارغايغۇچە ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، ئاندىن دورا ماتېرىياللىرىنى سۈزۈپ ئېلىپ، دورىلىق مايغا ھەسەل ۋە سېرىق موم ئارىلاشتۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئېرىگۈچە ئارىلاشتۇرۇپ، سوۋۇتۇپ قاتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان مەلھەم دەل ئەڭلىكئوت مەلھىمى بولىدۇ. يازدا پاشا چېقىۋېلىش، تاماق ئەتكەندە ماي چاچراپ كۆيدۈرۈۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئەڭلىكئوت مەلھەمنى سۈركىسە بولىدۇ...» 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 20دە، شىبن نانىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى» ۋۇشىن مەھەللىسىنىڭ «مېنىڭ مەھەللەم، مېنىڭ ئائىلەم» ۋىيشىن توپىدا دەل ۋاقتىدا دەرس باشلىدى.

يان تېلېفوننىڭ بىۋاستە كۆرسىتىش كامېراسى ئالدىدا، شىبن نا بىر تەرەپتىن مەشغۇلات قىلغاچ، بىر تەرەپتىن قەدەم ـ باسقۇچلار، مۇھىم نۇقتىلارنى چۈشەندۈردى. ئېكراندىن كۆرۈۋاتقان نۇرغۇن ئاھالە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن قول سېلىپ ئىشلىدى، يەنە توختىماي شىبن نا بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. قىسقىغىنا يېرىم سائەتتە، شىبن نانىڭ قەدىمكى ئۇسۇلدا ئەڭلىكئوت مەلھىمى ياساش دەرسى سۆزلىنىپ بولدى.

شىبن نا ھەم قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق رايونى(يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى) سەنپىڭ يولى كوچا باشقارمىسى ۋۇشىن مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ھەم مەھەللىنىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى»نىڭ دەرس تۈرى مەسئۇلى. ھەر ھەپتىنىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 20دە، شىبن نا بىلەن ئاھالىلەر «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى»دا ئۇچرىشىدۇ.

قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق رايونى(يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى) رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جيا رۇيجيا مۇنداق تونۇشتۇردى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، جەرەنبۇلاق رايونى(يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى) يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تەربىيەنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈش، تەشۋىقات يېڭى شەكلىنى يېڭىلىق يارىتىپ لايىھەلەپ، ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجلارنى دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئۈن ـ تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش داۋامىدا جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، پارتىيەنىڭ روھىنى ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز يەتكۈزدى. «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى» دەل بۇنىڭ بىر شەكلى.

بۇ دەرسخانىدا ئاھالىلەر ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپلا قەغەز ياساش تېخنىكىسى، لېنپۇ سىزىش، مىخ مەتبەئە، مەخمەل گۈل ياساش قاتارلىق 100دىن ئارتۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت تۈرىنى ياساش ماھارىتىنى ئۆگىنەلەيدۇ. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، مەدەنىيەتچانلىق، قىزىقارلىق، ھېس قىلىشچانلىق بىر گەۋدە قىلىنغان بۇ خىل دەرس يولغا قويۇلۇشى بىلەنلا ئاھالىلەر، ئاممىنىڭ كەڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«ھەر قېتىملىق دەرستە ھاسىلاتقا ئېرىشتىم» دېدى ۋۇشىن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى ئابلەت سۇلايمان. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ئابلەتنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، ئادەتتە ئۇ قوشنىلىرى بىلەن ناھايىتى ئاز پىكىر ئالماشتۇراتتى. «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى» ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، يەنە قوشنىلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقنىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ھەر ھەپتىنىڭ 2 ـ كۈنى كەچتە، ئۇ قوشنىلىرىنى ئۆيىگە كېلىپ بىللە تورغا چىقىپ دەرس ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلىپ، بىرلىكتە ماھارەت ئالماشتۇردىغان بولدى.

ئەلگەك بىلەن سۇدا لەيلەپ تۇرغان تالالارنى سۈزۈپ نەم قەغەز بەت قىلىش، ئۇنى ئېزىپ سۇسىزلاندۇرۇش، ئاندىن قۇرۇتۇپ قەغەز قىلىش... «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى»دا، شىبن نا بىر تەرەپتىن قول سېلىپ ئىشلىسە، بىر تەرەپتىن ئاھالىلەرگە ئۈجمە پوستى قەغىزىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تونۇشتۇردى: «ئۈجمە پوستى قەغىزى ئۈجمە دەرىخىنىڭ پوستى خام ماتېرىيال قىلىنىپ ياسىلىدۇ، 40 نەچچە ئىش تەرتىپى بار، قاتلاشقا چىداملىق، قۇرتلىمايدۇ، نەمدىن قورقمايدۇ، مىڭ يىلدىمۇ ئۆڭمەيدۇ... نېپىز بىر ۋاراق ئۈجمە پوستى قەغىزىنى جۇڭگو قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ ‹تىرىك تاشقاتمىسى› دېيىشكە بولىدۇ».

شىبن نانىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئېنىق ئاڭلاش ئۈچۈن، ئابلەت يان تېلېفونىنىڭ ئاۋازىنى ئەڭ يۇقىرى قىلىپ تەڭشىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن دوراپ مەشغۇلات قىلغاچ، بىر تەرەپتىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز ھەر كۈنى ئىشلىتىدىغان قەغەزنى ئەڭ دەسلەپتە بىز جۇڭگولۇقلار كەشىپ قىلغان. مەن جۇڭگولۇق بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن ۋە ئىپتىخارلىنىمەن».

يالغۇز بۇلا ئەمەس، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى»دا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسنى ئۆگىنىش ئوخشاشلا كۆپچىلىكنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى چىڭىتتى.

«جۇڭگونىڭ قەدىمكى تۆت چوڭ كەشپىياتىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا كىتاب ئوقۇيالايدىغان ۋە تەربىيە ئالالايدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تارقىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە ئالماشتۇرۇشىغا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى» دېدى تور دەرسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاھالە لى جەنچېڭ پەخىرلەنگەن ھالدا.

جيا رۇيجيا مۇنداق تونۇشتۇردى: «‹غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى› مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ‹جان› كىرگۈزدى، شۇنداقلا ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قاتنىششقا جەلپ قىلىدىغان كۆرسۈلۈق لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىگە ئايلاندى، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى».

ئاھالىلەر لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ مەنىۋى ھاسىلاتقا ئېرىشىپلا قالماي، ماددىي ھاسىلاتقىمۇ ئېرىشتى.

«ھازىر مېنىڭ ئەڭ ئىنتىزار بولىدىغىنىم ھەپتىنىڭ 2 ـ كۈنىدىكى تور غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت دەرسخانىسى. بۇ يەردە مەن جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە دەرسخانىدا ئۆگەنگەن ماھارەتتىن پايدىلىنىپ قەدىمكى ئۇسۇلدا ياسىغان لەۋ سۇرۇخ، قەدىمكى ئۇسۇلدا ياسىغان خۇش پۇراق خالتا قاتارلىق قول ھۈنەر بۇيۇملىرىمنى ۋېيشىن سودىسى ئارقىلىق ساتىمەن» دېدى ۋۇشىن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى بىجامار ئورخان بىزنى ئۆز ھاسىلاتى ۋە خۇشاللىقىدىن بەھرىلەندۈرۈپ.

بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا «بۇلۇت سوتىدا قاراپ چىقىلغان» دېلو 25 مىڭدىن ئاشتى

شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئەمەلىيىتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: «‹بۇلۇت سوتىدا قاراپ چىقىش› ھەقىقەتەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىكەن...» 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئەل ئىچىدىكى قەرز ماجىراسى سەۋەبىدىن قارشى تەرەپنى سوتقا ئەرز قىلغان شى خانىم مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇلتۇر 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ دېلوغا يەنىلا قەرەلدە سوت ئېچىلىپ قاراپ چىقىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي شى خانىم ئىجرا قىلىنغان پۇلنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قولىغا ئالدى.

2020 ـ يىلى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى «بۇلۇت سوتىدا قاراپ چىقىش»نى يولغا قويدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى «بۇلۇت سوتىدا قاراپ چىققان» دېلو 25 مىڭ 559غا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 9 ـ ئورۇندا تۇرغان.

بۇلتۇر 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى خالىدە ئابلەت تۇنجى قېتىم «بۇلۇت سوتىدا قاراپ چىقىش» ئارقىلىق ھەق ـ تەلەپ دېلوسىدىن ئۈچنى سوت ئېچىپ قاراپ چىقتى. «‹بۇلۇت سوتىدا قاراپ چىقىش› بىرقەدەر جانلىق، قولايلىق خىزمەت شەكلى، بۇنىڭدا ئەنئەنىۋى تور سىرتىدا قاراپ چىقىش شەكلىگە ئوخشاش ئىنچىكە، مۇكەممەل بولغان سوتتا قاراپ چىقىش تەييارلىق خىزمىتىنى جەزمەن ياخشى ئىشلەپ، سوتتا قاراپ چىقىشنىڭ كەسكىنلىكى ۋە ئاشكارا، ئادىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دېدى خالىدە.

بۇ نۇقتىدا سوت قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 39 يىل بولغان ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگو رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى خې يىڭمۇ چوڭقۇر ئورتاق تەسىراتقا ئىگە. بىرىنچى قېتىم «تورغا چىقىپ» سوتتا قاراپ چىقىشتىن بۇرۇن، خې يىڭمۇ نۇرغۇن زېھنىنى سوت قىلىش ئالدىدىكى تەييارلىققا سەرپ قىلدى.

«دەسلەپتە سەل جىددىيلەشكەن بولسامۇ، رەسمىي قاراپ چىقىشنى باشلاش بىلەنلا، دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم.» خې يىڭ مۇنداق دېدى: بىرقانچە قېتىملىق «بۇلۇت سوتىدا قاراپ چىقىش» ئارقىلىق، بۇ خىل سوتتا قاراپ چىقىش شەكلىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ۋاقىت ۋە ئورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى، دەۋالاشقۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ئاددىي، يېقىشلىق بولىدىغانلىقىنى، دەۋالاشقۇچىلار ئارىسىدىمۇ يۈزتۇرا كۆرۈشكەن چاغدىكىدەك جىددىيلىشىش كەيپىياتى بولمىغاچقا، تېخىمۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن بايان قىلالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ماجىرانى ھەل قىلىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇچۇر تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لىيۇ چيۈك مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە، توردا دەۋا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى يەنىلا دەۋالاشقۇچىلارنى توردا دېلو تۇرغۇزۇش، ھەق تاپشۇرۇش، مۇرەسسە قىلىش، سوتتا قاراپ چىقىش قاتارلىق دەۋا قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا داۋاملىق يېتەكلەۋاتىدۇ. «دېلو توردا قاراپ چىقىشقا ماس كەلسە ھەم دەۋالاشقۇچى سوتتا قاراپ چىقىش قاتارلىق دەۋا قىلىش پائالىيەتلىرىنى تور شەكلىنى قوللىنىپ قانات يايدۇرۇشقا قوشۇلسىلا، بىز تور شەكلىدە بېجىرىشنى ئالدىن قوللىنىمىز.» لىيۇ چيۈك يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: سوتچى دېلو ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان دەۋا قىلىشقا قاتناشقۇچىلار، دەۋا قىلىش ھالقىلىرىغا قارىتا، بىر قىسمىنى توردا، بىر قىسمىنى تور سىرتىدا ئېلىپ بېرىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن شەكلىنى جانلىق قوللىنىپ، قاراپ چىقىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرسە بولىدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى توردا ۋە تور سىرتىدا سوت قىلىش بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر ـ بىرىگە تىرەك بولىدىغان، يوچۇقسىز جىپسىلىشىدىغان توردا ۋە تور سىرتىدا سوت قىلىشنى دائىملاشتۇرۇپ تەڭ يولغا قويۇش ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش سىستېمىسى ۋە سوت قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك قانۇن يۈرگۈزۈش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش ئۈچۈن، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى ئەلا سۈپەتلىك قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

مۇتەخەسسىسلەر سىزگە ماسكىنى توغرا ئېلىۋېتىش ـ تاقاشنى ئۆگىتىدۇ

مۇداپىئە كۆرسەتمىسى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا، سىرتقا چىققاندا چوقۇم ماسكا تاقاش كېرەك. سىز ماسكىنى توغرا تاقىيالامسىز؟ ۋىرۇسنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالالامسىز؟ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلىرى ماسكىنى خاتا تاقاش يۇقۇملىنىش خەۋپىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، دەپ ئەسكەرتتى.

«ماسكىنى ئېڭەككە چۈشۈرۈپ قويغاندا، يۇقۇملىنىش خەۋپى ئاشىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى دېزىنفېكسىيەلەش، يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ياڭ خۇڭسەي ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: كۈندىلىك تۇرمۇشتا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ماسكىنى ئۆلچەملىك تاقىيالايدۇ، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇرۇن قىسمىنى ھەم ئەتمەيدۇ، بەزىلەر ھەتتا تاماق يېگەندە ماسكىنى ئېڭەككە چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. بۇنداق قىلغاندا ماسكىنىڭ ئىچكى قەۋىتى بۇلغىنىدۇ، يېمەكلىك، قول قاتارلىقلارمۇ بۇلغىنىدۇ.

«ماسكىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، بەزىلەر ماسكىنى خالىغانچە يانچۇقىغا سېلىۋالىدۇ، يەنە بەزىلەر ماسكىنى بىلەككە ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ماسكىنىڭ ئىچكى قەۋىتى بۇلغىنىپ، مۇداپىئە ئۈنۈمىنى يوقىتىدۇ» دېدى ياڭ خۇڭسەي.

ياڭ خۇڭسەي مۇنداق ئەسكەرتتى: ماسكىنى ئېلىۋەتكەندە، ماسكىنىڭ سىرتقى تەرىپى بىلەن ئۇچراشماسلىق، ئىككى قول بىلەن ماسكىنىڭ يېپىدىن تەڭ تۇتۇپ ماسكىنى ئېلىۋېتىپ، داۋالاش ئەخلەتلىرى ساندۇقىغا تاشلاش، ماسكىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن دەرھال قولنى يۇيۇش كېرەك. بولۇپمۇ كىچىك دوستلارغا ياردەملىشىپ ماسكىنى تۈزەشتۈرگەندە، قول بىلەن بالىنىڭ ماسكىسى، يۈزى ياكى باش قىسمىنى تۇتماسلىققا دىققەت قىلىش كېرەك. ئېلىۋەتكەن ماسكىنى ۋاقتىنچە ساقلاشقا توغرا كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئىككى قولنى پاكىز يۇيۇش، ئاندىن ئىشلەتكەن ماسكىنى ئىچىگە قارىتىپ ئوتتۇرىسىدىن قاتلاپ، پاكىز، ھەم خالتىغا سېلىش كېرەك.

توردا مودا بولغان سۈزۈك ماسكىنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟ ياڭ خۇڭسەي مۇنداق بىلدۈردى: داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك ماسكا ماتېرىيالىدىن ھاۋا ئۆتۈشىدۇ ھەم تۆكۈرۈك چاچراندىلىرىنى توسۇپ قالالايدۇ. ئەمما سۈزۈك ماسكىنىڭ ماتېرىيالى سۇلياۋ بولۇپ، ۋىرۇس دانچىلىرىنى سۈزەلمەي، مۇداپىئە رولىنى ئوينىيالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پاختا رەختتىن تىكىلگەن بەزى ماسكىلارنى تاقاشنىمۇ تەۋسىيە قىلمايمەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» (ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش، ماي قاچىلاش قىيىن بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىش قىيىن بولۇش، خەۋەرلىشىش سىگنالى راۋان بولماسلىق) مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى؛ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مەدەنىيەت ـ ساياھەت تارماقلىرى شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، ساياھەت ھەۋەسكارلىرى ئايروپىلانى ۋە مەخسۇس پويىزىنى كۆپەيتىپ، ساياھەتچىلەرنى شىنجاڭغا كېلىشكە جەلپ قىلدى؛ «شىنجاڭلىقلار شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، ھەرقايسى جايلار مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ كىرىش بېلىتى ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، ئىستېمال بېلىتى ئارقىلىق ئېتىبار بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى.

ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «يۇقۇمدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرلىرى»نى چىقىرىپ، ماركېتنى كېڭەيتىش، مۇلازىمەتنى ئۆستۈرۈش، ساياھەت ئىستېمالى، كارخانىلار ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، كەسپ ھالىتىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئاقىل ساياھەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى 16 تۈرلۈك تەدبىرنى بىراقلا يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى يەنە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقىنىڭ ساياھەتچىلىكتە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساياھەت كوپېراتىپلىرىنىڭ ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتى كاپالەت پۇلىنى ۋاقتىنچە قايتۇرۇپ، ساياھەت كوپېراتىپلىرىنىڭ تىجارەتتىكى قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇشىغا مەدەت بەردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ياشانغانلارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئېھتىياجى بار بولدى، مەسىلەن، «تور بىلەن ئۇچرىشىش». «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»دە: پىدائىيلار مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتى غەمخورلۇق قىلىش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، بىزنىڭ پىدائىيلار مۇلازىمىتىمىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن ياشانغانلارنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، دەل جايىدا پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيمەن. بىز مەھەللىدە ياشانغانلار دەرسخانىسى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ رەقەملىك تۇرمۇشقا تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدۇق، مەسىلەن، ئۇلارغا كودنى سىكاننېرلاپ چىقىم قىلىش، ئالدىن كېلىشىپ نومۇر ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىپ، ياشانغانلارنىمۇ ئالاقە تورى ئېلىپ كەلگەن قولايلىقتىن تولۇق بەھرىلەندۈرىمىز.

(ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىيۇ يىمىڭ رەتلىگەن)